مۆقەددەس کتاب

# یەهوودا

یازغان خەت

65

# يەھۇدا
# يازغان خەت

## مۇقەددەس كىتاب - يېڭى ئەھدە
## (ئىنجىل)
## 26-قىسىم

1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# يەھۇدا
# يازغان خەت

## قىچقىرىلغانلارغا سالام

1 [1] ئەيسا مەسىھنىڭ بەندىسى ۋە ياقۇپنىڭ بۇرادىرى بولغان يەھۇدادىن خۇدا ئاتىدا پاك-
مۇقەددەس بولۇپ، ئەيسا مەسىھكە ساقلىنىپ، قىچقىرىلغانلارغا سالام. [2] مەرھەمەت ۋە
ئامانلىق ۋە مۇھەببەت سىلەرگە ئېشىپ زىيادىلەشسۇن.

## ئوغرىلىقچە جامائەتكە كىرگەن پاسىق ۋە ئىمانسىز ئادەملەر

[3] ئەي ئامراقلار، بىز ئۇنىڭغا ھەمشېرىك بولغان نىجات توغرىسىدا سىلەرگە پۈتكىلى
ئىجتىھات قىلغىنىمدا، بىر ۋاقىت مۇقەددەسلەرگە تاپشۇرۇلغان ئىمان ئۈچۈن كۈرەشكىلار دەپ
سىلەرگە نەسىھەت بېرىپ پۈتكىلى لازىم كۆردۈم. [4] بىرنەچچە ئادەملەر ئوغرىلىقچە ئاراڭلارغا
كىرىۋالغان. ئۇلار پاسىق ئادەملەر بولۇپ، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنى بۇزۇقلۇققا تېگىشىپ،
يېگانە سەلتەنەت قىلغۇچىمىز ۋە خۇداۋەندىمىز ئەيسا مەسىھنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇلار قەدىمدىن
بېرى ھۆكۈم قىلىنىشقا تەقدىر قىلىنغاندۇر.
[5] شۇنىڭ ھەممىسىنى بىلسەڭلارمۇ، سىلەرنىڭ يادىڭلارغا كەلتۈرگىلى خالايمەنكى، خۇداۋەندە
قوۋمىنى مىسىر يۇرتىدىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن ئىشەنمىگەنلەرنى ھالاك قىلدى [6] ۋە ئۆز
ئەسلى ئورنىنى تۇتماي، ئۆز ماكانىدىن كەتكەن پەرىشتىلەرنى ئۇلۇغ ھۆكۈمنىڭ كۈنىگىچە
ئەبەدىي زەنجىرلىرى بىلەن قاراڭغۇلۇقتا ساقلاپ قويغان. [7] شۇنداق ھەم سودوم ۋە گومورىرا ۋە
ئەتراپىدىكى شەھەرلەر ئەبەدىي ئوتتا جازا تارتىپ، ئىبرەت ئۈچۈن قويۇلغاندۇر. چۈنكى بۇلار
مەزكۇرلارغا ئوخشاش تەبىئەتنىڭ خىلاپىدا بۇزۇقلۇق قىلىپ تۇردى.
[8] شۇنىڭدەك بۇ ئادەملەر ئۆز چۈشلىرى بىلەن كور بولۇپ، ئوخشاش تەرىقىدە قىلىپ جىسمىنى
ناپاك قىلىدۇ ۋە روھىي خوجىلىقنى رەت قىلىپ، ئەرۋاھ ئالەمىنىڭ ئۇلۇغلىرىنى دەشنەم
قىلىدۇ.
[9] ئەمما ئۇلۇغ پەرىشتە مىكائىل ئىبلىس بىلەن مۇسانىڭ بەدىنى توغرىسىدا سۆز تالاشقىنىدا
ئۇنىڭ ئۈستىگە دەشنەم ھۆكۈمى قويغىلى جۈرئەت قىلماي: «خۇداۋەندە ئۆزى ساڭا تەنبىھ
بەرسۇن» دەپ ئېيتتى. [10] لېكىن بۇلار ئۆز بىلمىگىنىگە دەشنەم بېرىپ، ئەقىلسىز ھايۋانلارغا
ئوخشاش تەبىئەتتىن بىلگەن ئىشلار بىلەن ئۆزىگە ھالاكەت يەتكۈزىدۇ. [11] ۋاي ئۇلارغا، چۈنكى

ئۇلار قايىننىڭ يولىدا يۈرۈپ، ئاچ كۆزلۈك قىلىپ بىلئامنىڭ ئېزىقتۇلۇقىغا ئەگىشىپ،
قوراھنىڭ مۇخالىپلىقى بىلەن ھالاك بولدى.
[12] بۇلار بۇرادەرچىلىك زىياپەتلىرىڭلاردا ئولتۇرغىنىدا يىرگىنچلىك داغلىرى بولۇپ، سىلەر
بىلەن زىياپەت قىلىشىپ ئۆزىنى باقىدۇ. ئۇلار سۇسىز بۇلۇتلار بولۇپ شامالدىن ھەيدىلىپ
ئۆتىدۇ. كۈز ۋاقتىدىكى دەرەخلەردەك، ئىككى مەرتىۋە ئۆلۈپ، يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلۇپ،
مېۋىسىز دەرەخلەردەكتۇر. [13] ئۇلار ئۆز بۇزۇقلۇقىنىڭ كۆپۈكىنى چىقىرىپ تۇرغان شىددەتلىك
دېڭىز دولقۇنلىرىدەكتۇر. ئۇلار سەييارە يۇلتۇزلار بولۇپ، ئۇلارغا ئەبەدكىچە قاراڭغۇلۇقنىڭ
زۇلمىتى ساقلىنىپ قويۇلغان.
[14] بۇلار توغرىسىدا ئادەمدىن يەتتىنچى ئۇرۇق بولغان خانوق پەيغەمبەرلىك قىلىپ ئېيتتىكى:
«مانا خۇداۋەندە ئۆز مۇقەددەس تۈمەنلىرى بىلەن كېلىدۇ. [15] ئۇ ئۆزى ھەممىسىنىڭ ئۈستىگە
ھۆكۈم قىلىپ، ھەممە پاسىقلارغا ئۇلارنىڭ قىلغان بارچە پاسىق ئەمەللىرى ۋە بۇزۇق
پاسىقلىقىدا خۇداغا قارشى ئېيتقان يوغان سۆزلىرى ئۈچۈن جازا بېرىدۇ. دەرۋەقە ئۇ پاسىق
گۇناھكارلارغا جازا بەرگىلى كېلىدۇ».
[16] بۇلار ئۆز شەھۋەتلىرىگە مۇۋاپىق يۈرۈپ، ئۆز ئەھۋالى ئۈچۈن غوتۇلداپ تۇرغان شىكايەت
قىلغۇچىدۇر. ئېغىزلىرى ھەددىدىن زىيادە يوغان سۆزلەر قىلىپ، ئۆز پايدىسى ئۈچۈن يۈز-
خاتىرە قىلىدۇ.
[17] لېكىن، ئەي ئامراقلار، ئۆزۈڭلار خۇداۋەندىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ روسۇللىرى ئىلگىرىدىن
ئېيتقان سۆزلەرنى يادىڭلارغا كەلتۈرۈڭلار. [18] چۈنكى ئۇلار سىلەرگە ئېيتقانكى: «ئاخىرقى
ۋاقىتتا دەشنەم بەرگۈچىلەر قوپۇپ، ئۆز پاسىق شەھۋەتلىرىگە مۇۋاپىق يۈرىدۇ. [19] بۇلار
بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، نەپسانىي بولۇپ، ئۆزىدە روھ بولمىغان كىشىلەردۇر.

## خۇدانىڭ مۇھەببىتىدە ياشاش

[20] لېكىن سىلەر، ئەي ئامراقلار، ھەممىدىن مۇقەددەس ئىمانىڭلارنىڭ ئۈستىدە تەمىر قىلىنىپ،
مۇقەددەس روھ بىلەن دۇئا قىلىپ تۇرۇڭلار. [21] ئەبەدىي تىرىكلىك تاپماق ئۈچۈن خۇداۋەندىمىز
ئەيسا مەسىھنىڭ مەرھەمىتىگە مۇنتەزىر بولۇپ، ئۆزۈڭلارنى خۇدانىڭ مۇھەببىتىدە ساقلاڭلار.
[22] ئىككىلەنگەنلەرنىڭ بەزىلىرىگە مەرھەمەت قىلىپ، [23] ئۇلارنى ئوتتىن تارتىۋېلىپ
قۇتقۇزۇڭلار، لېكىن بەزىلەرگە قورقۇنچ بىلەن رەھىم قىلىپ، جىسمىدىن ناپاك بولغان
كۆينەكنى ھەم يامان كۆرۈڭلار.

## مەدھىيە دۇئاسى

[24] لېكىن سىلەرنى ئېزىقىپ كېتىشتىن ساقلىغىلى ۋە ئۆز شان-شەرىپىنىڭ ئالدىدا خۇشاللىق
بىلەن ئەيىبسىز تۇرغۇزغىلى قادىر بولغان زاتقا، [25] يېگانە خۇدايىمىز ۋە قۇتقۇزغۇچىمىز بولغان
زاتنىڭ ئۆزىگە ھەممە ۋاقىتتىن ئىلگىرى ۋە ھازىر ۋە ھەممە دەۋرلەرگىچە خۇداۋەندىمىز ئەيسا
مەسىھنىڭ ۋاستىسى بىلەن شان-شەرەپ، ئەزىمەت، سەلتەنەت ۋە قۇدرەت بولغاي. ئامىن.